# ئىسلامدا ۋەتەنپەرلىك روھى

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

پەزىلەتلىك شەيخ سەلاھ ئىبنى مۇھەممەد ئەلبۇدەير

تەرجىمە قىلغۇچى:  سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2010 - 1431

islamhouse.com

# ﴿رسالة إلى الجنود المرابطين﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ صلاح بن محمد البدير

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2010 - 1431

islamhouse.com

# ئىسلامدا ۋەتەنپەرلىك روھى

2009-يىلى 01-ئاينىڭ 29-كۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئاللاھنى مەدھىيىلەپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللىغاندىن كېيىن جۈمە نامىزى ئۈچۈن توپلاشقان يۈزمىڭلىغان جامائەتكە، "ئىسلام دىنى، باشقىلارغا تاجاۋۇزچىلىق قىلىش ۋە زېمىنىنى بېسىۋېلىشقا ئوخشاش زوراۋانلىقلارغا قارشى تۇرىدۇ" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىش ۋە كىشىلەرگە تاجاۋۇزچىلىق قىلىشنى ھارام قىلدى. كەمتەر بولۇش، باشقىلاردىن ئۆزىنى چوڭ تۇتماسلىق ۋە تاجاۋۇزچىلىق قىلماسلىققا تەۋسىيە قىلدى.

ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە مۇسۇلمانلار، كاپىرلار ۋە مىللى مۇناپىقلارنىڭ ھەسەت قىلىدىغان ۋە ئازار يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغان نىشانى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئىككى ھەرەم ئورۇنلاشقان، ھەج-ئۆمرە قىلغۇچىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان، ئىلاھى ۋەھيىنىڭ چۈشۈش ئورنى، ئەقىدىنىڭ مەركىزى ۋە ئىمانىنىڭ قايتىدىغان جايى، ئىسلامنىڭ مۇقەددەس ئورنى، شەرىئەت پرىنسىپى ئىجرا قىلىنىۋاتقان، تىنچ-خاتىرجەملىك ئومۇملاشقان، ئىسلامنى كۈچلاندۇرۇش ۋە تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغۇچى ئىنسانلارغا تۈرلۈك ياردەملەرنى قىلىۋاتقان ئەرەبىستان دۆلىتى ھەسەت قىلغۇچىلارنىڭ نىشانى بولۇپ قالدى.

بىر بۆلەك ئازغۇن گۇرۇھلار، چېگرادىن سۇقۇنۇپ كىرىپ پاك زېمىنىمىزغا تاجاۋۇز قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ تىنچ-خاتىرجەم تۇرمۇشىنى

بۇزۇشقا ئۇرۇنۇپ، چېگرىنى مۇداپىئە قىلغۇچى پىداكار جەڭچىلىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم، دۈشمەنلىك ۋە ھەسەتخورلۇقىنى ئاشكارىلىدى. شۇ ئارقىلىق مەملىكەتتە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى. شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ پىداكار جەڭچىلىرىمىز ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى، پاك زېمىنىنى قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ ئىپلاس قەدەملىرىدىن تازىلاش ئۈچۈن، تەۋرەنمەس ئەقىدىسى، مۇستەھكەم ئىرادىسى ۋە كۈچلۈك ئىمانى بىلەن ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىپ تىرى-پىرەن قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ دىن، ۋەتەن-مىللەت ۋە رەھبەرلەرگە بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلىدى. يەنە مۇشۇنداق ئىپلاس ھەرىكەتلەرنى قىلىش بىلەن مەملىكەتنىڭ شەنىگە، پاكلىقىغا ۋە زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغانلارغا ئىبرەت قىلدى.

تاجاۋۇزچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىنى خار قىلىش بولۇپ، باشقىلارنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ، تۇپراقنى ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلغۇچىلار ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ۋەيران قىلىدۇ. بۇنداق تاجاۋۇزچى مىللەتتە باشقىلارغا نىسبەتەن ياخشىلىق ۋە مېھرى-شەپقەت بولمايدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا الله نىڭ ھوزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر. بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى الله بېرىدۇ، الله ھەقىقەتەن زۇلۇم

قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم ئىنتىقامنى ئالسا ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، زېمىندا ناھەق رەۋىشتە پىتنە ـ پاسات تېرىيدىغان ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ».[سۈرە شۇرا 39ـ40ـ41ـ 42ـ ئايەتلەر].

بىركىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: «بىرسى ماڭا تاجاۋۇز قىلسا قانداق قىلىمەن؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: سەن ئۇنىڭغا قايتا-قايتا ئۈچ قېتىم نەسىھەت قىلىپ بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، بۇ يولدىن قايتۇرغىن دېگەن. بۇنىڭغا ئۇنىمىسا قانداق قىلىمەن؟ دېگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغىن، ئەگەر ئۇ سېنى ئۆلتۈرۈۋەتسە سەن جەننەتتە بولىسەن، سەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ ئۇ دوزاختا بولىدۇ دېگەن». [ئەھمەد، مۇسلىم، نەسائى رىۋايىتى].

سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېلىنى، دىنىنى، جېنىنى ۋە ئائىلىسىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشى شەھىد ھېسابلىنىدۇ». [تىرمىزى رىۋايىتى].

جەنۇبى رايونلار چېگرانى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغۇچى باتۇر جەڭچىلىرىمىز مىللەت سىلەردىن پەخىرلىنىدۇ، ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بەرگەنلىكىڭلارنى ئۇنتۇمايدۇ، سىلەرنى دۇنيادا شان-شەرەپ، ئاخىرەتتە بۈيۈك ئەجىر-ساۋاپ بىلەن تەبرىكلەيمىز. سالمان پارىسى رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر كېچە-كۈندۈز مىقداردا چېگرا قاراۋۇللىقىدا تۇرۇشنىڭ ساۋابى،

بىر ئاي كۈندۈزى روزا تۇتۇپ كېچىسى قىيامدا تۇرغاندىن ئارتۇق، بۇ جايدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ قىلغان ئەمەللىرى قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ، ھەر تۈرلۈك نېمەتلەر رىزىق قىلىپ بېرىلىدۇ، قەبرىنىڭ ۋە قىيامەتنىڭ پىتنىسىدىن ئەمىن بولىدۇ». [مۇسلىم رىۋايىتى].

بۇ مۇقەددەس ئورۇن، پاك شەھەرلەر ئاللاھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە ھىمايە قىلىشى ئاندىن پىداكار جەڭچىلەرنىڭ جاسارىتى، ئىمانى، ھاكىمىيەتكە بولغان ئىخلاسى بىلەن دىنىنىڭ مەركىزىنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ساقلاپ تۇرغۇچى ئالىملارنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سىلىش بىلەن قوغدىلىنىدۇ.

دىنىنىڭ ساقلىنىشى بىلەن مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقان، ئىسلامنىڭ ئىززىتى بىلەن مەرتىۋىلىك بولىۋاتقان مۇسۇلمانلار زېمىنىنىڭ تىنچ-خاتىرجەملىكى، باياشاتلىقى ۋە ساغلام ئەقىدە، تەۋرەنمەس ئىمانى، رەزىل گۇرۇھلارنىڭ سۈيىقەستى ۋە ھىيلى-مىكرى ئالدىدا قىلچىلىكمۇ تەۋرىنىپ قالمايدۇ. مۇسۇلمانلار زېمىنلىرىدا يۈز بەرگەن ۋە يۈزبېرىۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان تاجاۋۇزچىلىق، باسمىچىلىق، ئىرقى كەمسىتىش، ئېتىقاد ۋە مىللى ئۆرپ-ئادەتنىڭ ئاسلىماتسىيە بولۇشى قاتارلىق بىر بۆلەك رەھىمسىز قىلمىشلارنىڭ قايتا تەكرار بولماسلىقى ئۈچۈن يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ جىددى تەدبىر ئېلىشى ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ جىددى تەقەززاسى.

ھەممىنىڭ توغرىسىنى بىلگۈچى جانابى ئاللاھتۇر.